شىنجاڭ گېزىتى

2019 ـ يىل 11 ـ ئاي
30
شەنبە
维吾尔文 11 月30日

新疆日报网：www.xjdaily.com
شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى：CN 65－0002/－W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1–57   ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com   24895 ـ سان   بۈگۈن 4 بەت

سودا قۇرۇلمىسى، تىجارەت ـ سودا مۇھىتى سىجىل ئەلالاشتى

شىنجاڭنىڭ ئىمپورت ـ ئېكسپورت ئومۇمىي قىممىتى ئۇدا سەككىز ئاي ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن ئاشتى

مۇخبىرىمىز چېن چياگۇيىنىڭ ئۈرۈمچى تاموژنىسىدىن ئىگىلىشىچە، ئالدىنقى ئون ئايدا شىنجاڭنىڭ تاشقى سودا ئىمپورت ـ ئېكسپورت ئومۇمىي قىممىتى 131 مىليارد 460 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 28% ئېشىپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئېشىش سۈرئىتىدىن 25.6 پىرسەنت پوئىنت يۇقىرى بولغان. بۇ يىل 3 ـ ئايدىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ تاشقى سودا ئىمپورت ـ ئېكسپورتى تېز ئېشىشنى ساقلاپ، ئىمپورت ـ ئېكسپورت ئومۇمىي قىممىتى ئۇدا سەككىز ئاي ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن ئاشقان.

ئىگىلىنىشىچە، 3 ـ ئايدىن باشلاپ، شىنجاڭنىڭ تاشقى سودا ئايلىق ئىمپورت ـ ئېكسپورت قىممىتى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن ئىزچىل ئېشىش ھالىتىنى ساقلىغان، بولۇپمۇ 9 ـ، 10 ـ ئايدا شىنجاڭنىڭ تاشقى سودا ئايلىق ئىمپورت ـ ئېكسپورت قىممىتى شىددەت بىلەن ئېشىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 75.9%، 83.9% ئاشقان.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى يىغىن ئاچتى

«جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ پارتىيە ۋە دۆلەت ئورگانلىرى ئاساسىي قاتلام تەشكىلات خىزمىتى نىزامى» ۋە «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ دۆلەت كارخانىلىرى ئاساسىي قاتلام تەشكىلات خىزمىتى نىزامى (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدۇ)» قاراپ چىقىلدى

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى شى جىنپىڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى تېلېگراممىسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى 11 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى يىغىن ئېچىپ، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ پارتىيە ۋە دۆلەت ئورگانلىرى ئاساسىي قاتلام تەشكىلات خىزمىتى نىزامى» ۋە «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ دۆلەت كارخانىلىرى ئاساسىي قاتلام تەشكىلات خىزمىتى نىزامى (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدۇ)»نى قاراپ چىقتى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى شى جىنپىڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ پارتىيە ۋە دۆلەت ئورگانلىرى ئاساسىي قاتلام تەشكىلات خىزمىتى نىزامى»غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇش، يېڭى دەۋردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي تەلىپى ۋە يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ تەشكىلىي لۇشيەنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئورگان پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ سۈپىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈشتىكى مۇھىم تەدبىر بولۇپ، ئورگان پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش، ئورگانلار ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ھەر دەرىجىلىك ئورگانلىرىنىڭ ئورنى مۇھىم، ئۈستىگە ئالغان مەسئۇلىيىتى مۇھىم، زور، ئورگان پارتىيە قۇرۇلۇشى ئالاھىدە مۇھىم خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، باشقا ساھەدىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىغا نىسبەتەن ئۈلگىلىك ۋە يۆنىلىش بەلگىلەشلىك رول ئوينايدۇ. پارتىيەنىڭ سىياسىي قۇرۇلۇشىنى قەتئىي بوشاشماي ئالغا سىلجىتىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنى خاتىرجەم قىلىدىغان، خەلق ئاممىسىنى رازى قىلىدىغان نەمۇنىلىك ئورگان قۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش كېرەك. ئورگانلارنىڭ پارتىيە ئاساسىي قاتلام تەشكىلات سىستېمىسىنى كۈچلۈك قۇرۇپ، ئورگان پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنىڭ كەسپىي خىزمەتلەر بىلەن چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشى، بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشىگە تۈرتكە بولۇپ، پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنىڭ قاراتمىلىقى ۋە ئۈنۈملۈكلۈكىنى كۈچەيتىش كېرەك. پارتىيە ياچېيكىلىرىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش، قېلىپلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، پارتىيە ئەزالىرىنى تەربىيەلەش، باشقۇرۇشنى چىڭىتىپ، ئورگانلاردىكى پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلارنى مەۋقەنى ئىش ئورنىغا قويۇپ، تۆھپە قوشۇپ نەتىجە يارىتىشقا يېتەكلەش ۋە رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك. ئورگان ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى كۈندىلىك نازارەت قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلارنى تۈزۈمگە قاتتىق ئەمەل قىلىپ ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش، ھوقۇق يۈرگۈزۈش، خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشقا يېتەكلەش كېرەك.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

مەسىلىنى بىر تۈر، بىر تۈردىن ھەل قىلىش   ئەمەلىي ئىشنى بىر ـ بىرلەپ ياخشى قىلىش

ـــ دىققەتنى باش تېمىغا، ئاساسىي لىنىيەگە مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزىتىشنى تۇتۇش توغرىسىدا يۈرۈشلۈك خەۋەر

ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي   بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش
دىققەتنى باش تېمىغا، ئاساسىي لىنىيەگە مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزىتىشنى تۇتۇش

«ئون كۈن ئىلگىرى كەنتىمىزگە ئاممىۋى ئاپتوبۇس قاتنىدى. يېزىمىزدا ئىشقا ئورۇنلاشقان 50 نەچچە كەنت ئاھالىسى ئاممىۋى ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ ئىشقا بېرىپ كېلىدىغان بولدى، بەكمۇ قولاي» دېدى 11 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى يېڭىسار ناھىيەسى قىزىل يېزىسىنىڭ ئىناقلىق كەنتىدىكى داشۆسىك كەنت ئەمەلدارى مەمەت توختى خۇشال ھالدا.

2 ـ تۈركۈمدىكى «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ھەرقايسى ناھىيە، شەھەر، يېزا ـ بازار، مەھەللىلەر «8+2» مەخسۇس تۈزىتىشنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، «3+3+1»نى ياخشى قىلىپ، خەلق ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىشنى چۆرىدەپ، ئۆز ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ پەرقلەرنى تېپىپ، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، ئاممىنىڭ باش قېتىنچىلىقىنى ھەقىقىي ھەل قىلىپ، غەمخورلۇق ۋە ئىللىقلىقنى ئاممىغا ۋاقتىدا يەتكۈزدى.

باش تېما تەربىيەسىدە، يېڭىسار ناھىيەسى چەت، يىراق يېزا ـ بازارلاردىكى ئاممىنىڭ يول يۈرۈشى قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى مەخسۇس تۈزىتىشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىپ، «شەھەر ـ يېزا ئاممىۋى قاتنىشىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش» قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتتى. 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، قىزىل يېزىسىدىكى 18 كەنتنىڭ ھەممىسىگە ئاممىۋى ئاپتوبۇس قاتناپ، ئاممىنىڭ يول يۈرۈشىگە قولايلىق يارىتىلدى.

تۇبېركۇليوز ئاغرىقلىرىنى داۋالاپ ساقايتىش مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىشقا قارىتا، قاغىلىق ناھىيەسى ئەمەلىي تەدبىر، قاتتىق تەدبىر قوللىنىپ، ناھىيەلىك خەلق دوختۇرخانىسى يۇقۇملۇق كېسەل شۆبە دوختۇرخانىسى، ناھىيەلىك تۇبېركۇليوز ئاغرىقلىرىنىڭ سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش دوختۇرخانىسى تۇبېركۇليوز ئاغرىقلىرىنى مەركەزلىك قوبۇل قىلىپ داۋالاپ،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

بۇ يىل تارىم دەرياسىنىڭ پۈتۈن ئېقىن رايونىغا جەمئىي 2 مىليارد 500 مىليون كۇب مېتىرغا يېقىن سۇ قويۇپ بېرىلدى

نەپكە ئېرىشكەن توغراقلىق كۆلىمى تەخمىنەن 7 مىليون 120 مىڭ مو بولدى

باينغولىن ئوبلاستى مۇخبىرلار پونكىتىدىن **ياڭ شياۋدۇڭنىڭ** تارىم دەرياسى ۋادىسىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىدىن ئىگىلىشىچە، 11 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىگە قەدەر، بۇ يىل تارىم دەرياسىنىڭ پۈتۈن ئېقىن رايونىغا جەمئىي 2 مىليارد 498 مىليون كۇب مېتىر ئېكولوگىيەلىك سۇ قويۇپ بېرىلگەن، ئېقىن رايونى ئىچىدىكى تەخمىنەن 7 مىليون 120 مىڭ مو توغراقلىق نەپكە ئېرىشكەن.

بۇ يىل، ئاپتونوم رايون تارىم دەرياسىنىڭ پۈتۈن ئېقىن رايونىغا داۋاملىق ئېكولوگىيەلىك سۇ قويۇپ بەردى، بۇنىڭ ئىچىدە تارىم دەرياسى مەنبە ئېقىنى ۋە غول ئېقىننىڭ يۇقىرى، ئوتتۇرا ئېقىنىدىكى توغراقلىق رايونىغا 2 مىليارد 48 مىليون كۇب مېتىر ئېكولوگىيەلىك سۇ تولۇقلاپ، تۆۋەن ئېقىنغا 450 مىليون كۇب مېتىر ئېكولوگىيەلىك سۇ قويۇپ بېرىپ، 1 مىليارد 502 مىليون كۇب مېتىر يىللىق سۇ قويۇپ بېرىش نىشانىنى نورمىدىن ئاشۇرۇپ ئورۇندىدى.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 13 ـ قېتىملىق يىغىنى يېپىلدى

مۇخبىرىمىز **جاۋ جىيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 11 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 13 ـ قېتىملىق يىغىنى يېپىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شاۋكەت ئىمىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى. دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكى خادىملاردىن 54 كىشى يىغىنغا قاتناشتى، بۇ قانۇندا بەلگىلەنگەن ئادەم سانىغا ئۇيغۇن.

يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 3 ـ يىغىنىنى ئېچىش توغرىسىدىكى قارار، «ئاپتونوم رايوننىڭ گېئوئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش نىزامى» ئاۋازغا قويۇپ ماقۇللاندى، «ئاپتونوم رايوننىڭ ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش نىزامى» قاتارلىق بەش يەرلىك نىزامنى بىكار قىلىشنى تەستىقلاش توغرىسىدىكى قارار، «ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ يېڭىلىق يارىتىشچان شىنجاڭ قۇرۇشنى تېز ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى قارارى» ئاۋازغا قويۇپ ماقۇللاندى، «ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ پوچتا ئىشلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى» «ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ يېزا ـ كەنت تازىلىقى نىزامى» «بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ سايرام كۆلىنى قوغداش نىزامى» «سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ شەھەر ـ يېزىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى كۆكەرتىش نىزامى» «قومۇل شەھىرىنىڭ سۇ بايلىقىنى قوغداش نىزامى»نى تەستىقلاش توغرىسىدىكى قارار ئاۋازغا قويۇپ ماقۇللاندى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 2019 ـ يىللىق ئاپتونوم رايوننىڭ شۇ دەرىجىلىك خامچوتنى تەڭشەش لايىھەسىنى تەستىقلاش توغرىسىدىكى قارارى ئاۋازغا قويۇپ ماقۇللاندى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى قانۇنچىلىق كومىتېتى، مالىيە ـ ئىقتىساد كومىتېتى، يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا كومىتېتى، مىللەتلەر ـ تاشقى ئىشلار ـ خۇاچياۋلار كومىتېتى،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

دوكلات باش شۇجى   نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا ئىشەنچىمىز بار

خاتىرجەم ياشايدىغان يېڭى تۇرمۇشقا ئاتلىنىش

ـــ ئېغىر نامرات ناھىيەلەرنىڭ بىرىنچى سەپتىن كەلگەن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ⑪

☐ **گېزىتىمىزنىڭ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرى لىيۇ يى، يۇ چياڭفۇ، خەن چىنيەن**

مەكىت ناھىيەسى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ غەربىي جەنۇب گىرۋىكىگە جايلاشقان، ئۈچ تەرىپىنى قۇم ئوراپ تۇرىدۇ، بۇ يەرنىڭ بايلىقى كەمچىل بولۇپ، قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىلىدىغان قۇم ـ شېغىلمۇ 100 كىلومېتىر سىرتتىن يۆتكەپ كېلىنىدىغان بولۇپ، ناھىيە رايونىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئېغىر چەكلەپ قويغان.

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ئاتاكا سىگنالى چېلىنغاندىن بۇيان، مەكىت ناھىيەسىدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە بولۇپ، تەڭ كۈچ چىقىرىپ، «دەل جايىدا نامراتلارنى يۆلەش، دەل جايىدا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش» ئاساسىي تەدبىردە چىڭ تۇرۇپ، مۇقىم نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمى بەرپا قىلىپ، نامرات ئاممىغا «قان بېرىپ» قىسقا مەزگىللىك تۇرمۇش قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئاساسىدا، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، ھەر مىللەت نامرات ئاممىنى يېتەكلەپ، خاتىرجەم ياشايدىغان يېڭى تۇرمۇشقا ئاتلاندى.

■ كەسىپلەرنى كۈچەيتىش تەرەققىيات ئاساسى سېلىش

مەكىت ناھىيەسى باغ ـ ئورمانچىلىق چوڭ ناھىيەسى، چىلان ئۆستۈرۈش كۆلىمى 560 مىڭ موغا يېتىدۇ. چىلان كەسپىنىڭ كۈچىيىش ـ كۈچەيمەسلىكى مەكىت ناھىيەسىدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ يانچۇقىنىڭ تومپىيىش ـ تومپايماسلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

【ئاخبارات تېز سىزمىسى】



10 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، مەكىت ناھىيەسىنىڭ قىزىلئاۋات يېزىسى تاللىق كەنتىدىكى دېھقان توختى ئەمەر ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەن چىلان ئۈزمەكتە. مەكىت ناھىيەسىنىڭ چىلان ئۆستۈرۈش كۆلىمى 560 مىڭ مو بولۇپ، مۆلچەرى ھېسابلىنىشىچە، بۇ يىل چىلاننىڭ ئومۇمىي ھوسۇلى 250 مىڭ توننا، دېھقانلارنىڭ چىلاندىن قىلىدىغان ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 6000 يۈەن بولىدىكەن.

☐ **گېزىتىمىزنىڭ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرى لى جىنەن سىزغان**

تېخىمۇ كۆپ مەزمۇنى ئىككىلىك كودنى سكاننېرلاپ كۆرۈڭ

نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش كۈرەش قىلىشقا تايىنىدۇ

☐ **يۇ چياڭفۇ**

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خاتىرىسى

مۇخبىرلار مەكىت ناھىيەسىدە زىيارەتتە بولغاندا، ھەممىلا يەردە دېھقانلارنىڭ چىن قەلبىدىن ئۇرغۇپ چىققان خۇشاللىقىنى ھېس قىلدى.

بۇ خۇشاللىق ئەتراپىدا بولغان غايەت زور ئۆزگىرىشلەردىن كەلگەن: كېسەك ئۆي ئەمەن ئۆيگە ئۆزگەردى، ئاسفالت يول ئىشىك ئالدىغىچە ياسالدى، مۇھىت بارغانسېرى ياخشىلاندى، ھەميان بارغانسېرى تومپايدى... بەخت كۆز ئالدىدىلا تۇرسا، دېھقانلار قانداقمۇ خۇشال بولمىسۇن؟

نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش كۈرەش قىلىشقا تايىنىدۇ. مەكىت ناھىيەسى قولغا كەلتۈرگەن نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىدىن ئايرىلالمايدۇ.

بىر كىشى ئىشقا ئورۇنلاشسا، پۈتۈن ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇلىدۇ. مەكىت ناھىيەسى يېزىلاردىكى ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، نامرات ئائىلىلەردىن «بىر ئائىلىدىن بىر كىشى» «بىر ئائىلىدىن كۆپ كىشى»نىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى ئىشقا ئاشۇردى.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

ساياھەت كەسىپ ھالىتىنى بېيىتىش   كەسىپ زەنجىرىنى ئۇزارتىش

ـــ ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇشقا تۈرتكە بولۇش توغرىسىدىكى ئۇنىۋېرسال بايان

سەلتەنەتلىك 70 يىل كۈرەشچان يېڭى دەۋر
يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سەپىرى

☐ **مۇخبىرىمىز رېن جياڭ، پراكتىكانت ۋاڭ جىڭيۈ**

قار ـ مۇز بىلەن قاپلانغان شىمالىي شىنجاڭدا قار تېيىلغۇچىلار قار تېيىلىش مەيدانىدا غۇيۇلداپ ئۆتۈشۈپ، سۈرئەت ۋە قايناق ھېسسىياتتىن بەھرىمەن بولماقتا؛ سېرىق قۇم قاپلىغان جەنۇبىي شىنجاڭدا ئائىلە ئاپتوموبىللىرى گۈركىرەپ مېڭىپ، قويۇق چاڭ ـ توزان كۆتۈرمەكتە... سوغۇق شامال شىنجاڭنىڭ ساياھەتچىلىكنى پايال راۋاجلاندۇرۇش ئىرادىسى ۋە ھەرىكىتىنى توسۇپ قالالمىدى.

ئاپتونوم رايوننىڭ ساياھەتنى راۋاجلاندۇرۇش يىغىنىدىن بۇيان، شىنجاڭ پۈتۈن رايون ساياھىتىنى راۋاجلاندۇرۇشقا پايال تۈرتكە بولۇپ، «ساياھەت+»نى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، ساياھەت كەسىپ ھالىتىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىپ، كەسىپ زەنجىرىنى ئۇزارتىپ، ساياھەتنىڭ مەدەنىيەت، تەنتەربىيە، قاتناش، يېزا ئىگىلىكى، ئورمانچىلىق قاتارلىقلار بىلەن بولغان يۇغۇرما تەرەققىياتىنى تېز ئالغا سىلجىتتى، شىنجاڭ ساياھىتى «كاسات پەسىلدە كاساتلاشماسلىق، ئاۋات پەسىلدە تېخىمۇ ئاۋاتلىشىش» نىشانىغا قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

شىنجاڭ گېزىتخانىسى يېڭى تاراتقۇلىرى سىپى
新疆头条 APP
微信公众号
新疆日报网
天山网 APP